شىنجاڭ گېزىتى
新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى
2020 ـ يىل 8 ـ ئاي
11
سەيشەنبە
维吾尔文 8 月11日
شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25150 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

# شى جىنپىڭ تېلېگرامما ئەۋەتىپ لۇكاشېنكونىڭ بېلارۇسىيەنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى لۇكاشېنكوغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم بېلارۇسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق كۆرسەتتى: لۇكاشېنكو يەنە بىر قېتىم بېلارۇسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغان پەيتتە، مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن ھەم ئۆز نامىمدىن زۇڭتۇڭ لۇكاشېنكونى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ۋە ياخشى تىلەك تىلەيمەن. مەن جۇڭگو ـ بېلارۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، زۇڭتۇڭ لۇكاشېنكو بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، جۇڭگو ـ بېلارۇسىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى بىرلىكتە ئالغا سىلجىتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىدا يېڭى ۋەزىيەت ئېچىپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىگە يېڭى بەخت ـ سائادەت يارىتىشنى خالايمەن.

ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

## شەھەر ـ يېزىلار كۆكەردى ھەممە جاي يېشىللىققا پۈركەندى

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىن شىنجاڭغا نەزەر ②

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈجاۋ

ئاقسۇ دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسىدا، كۆل سۈيى ئۆزئارا تۇتىشىپ، قۇشلار پەرۋاز قىلىپ تۇراتتى، ئېھاتە ئورمان بەلبېغى بىلەن شەھەر رايونى مەنزىرىسى بىر ـ بىرىنى جۇلالاندۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك سۇ بەلبېغى بىلەن يېشىل كارىدورلۇق گۈل دېڭىزى بىر ـ بىرىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى؛ ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ شەرقىي ئۇچىدىكى كۈنەس ناھىيەسىنىڭ نارات بازىرى ئارشاڭ كەنتىدە، ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ھويلىسى رەتلىك، پاكىز، يورۇق، ھەممە يەر بوك ـ باراقسان بولۇپ، ئىشىكتىن چىقىپلا يېشىللىقنى، بۇرۇلسىلا مەنزىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ... شەھەر ـ يېزا ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنىڭ چىرايلىق يۈگمە رەسىملىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ئاستا ـ ئاستا يېيىلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئېكولوگىيەنى ئاسراش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، شەھەر ـ يېزىلاردىكى يېشىللىق بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن كۈچەپ تىكىپ ئورمان بىنا قىلىپ، تىرىشىپ تاغلىرى يېشىللىققا پۈركەنگەن، سۈزۈك سۇلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان، ھاۋاسى دائىم ساپ بولغان گۈزەل جۇڭگو بەرپا قىلىش كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز شەھەر ـ يېزىلارنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، كەڭ ئاممىنىڭ يېشىل تەمەناتىنى تىرىشىپ كۆپەيتتى. ھەرقايسى جايلار ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئورمان بىنا قىلىپ كۆكەرتىش، ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، بوش يەرلەرنى قايتا كۆكەرتىش ۋە شەھەر رايونىدىكى باغچە سۇ بەلبېغى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىغا تىرىشىپ تۈرتكە بولدى، شەھەر ـ يېزىلارنى كۆكەرتىش ۋەزىيىتى كۈنسېرى روشەنلەشتى.

سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىي 11 مىليون 130 مىڭ مو يەردە ئورمان بىنا قىلىنىپ، 5 مىليون 764 مىڭ 500 مو يەردىكى ئورمان پەرۋىش قىلىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 4.87%كە ئۆستۈرۈلگەن.

### ئىلمىي پىلانلاش يېشىللىقنى شەھەرنىڭ «قان تومۇرى»غا سىڭدۈرۈش

«كۆز يەتكۈدەك يەرنىڭ ھەممىسى يېشىللىق، ھاۋادىن ساپ ھىد كېلىپ تۇرىدۇ.» ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى) چاڭچۈن شىمالىي يولى شىنشىن مېيىۋ ئولتۇراق رايونىنىڭ ئاھالىسى جاڭ لۇڭبېي مۇنداق دېدى: «كىچىك سەيلە باغچىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېرىزىنى ئېچىپلا يېشىللىقنى كۆرەلەيدىغان بولدۇق.» ئۇ تۇرۇشلۇق ئولتۇراق رايوننىڭ ئەتراپىدا شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ مەنزىرە لايىھەلەنگەن، ئۈچ كىچىك سەيلە باغچىسى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغان بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، يېڭىدىن كۆپەيگەن يېشىللىق كۆلىمى 50 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



ئاقسۇ شەھىرىدىكى دولان دەرياسىنىڭ مەنزىرىسى (2019 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تارتىلغان). □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى رۇي فوتوسى

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

## «بېيدوۋ»نى كەسىپلەشتۈرۈپ قوللىنىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ئېنېرگىيە قوشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: «بىز تەتقىق قىلىپ ئاچقان بېيدوۋ ئاقىل نېفىتلىك سانلىق مەلۇمات يوللاش سىستېمىسى بېيدوۋ سۈنئىي ھەمراھىنىڭ بوشلۇق، رايون، مۇھىت قاتارلىقلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان ئالاھىدىلىكى، ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، نېفىتلىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە سانائەت ئىشلەپچىقىرىش سانلىق مەلۇماتلىرىنى توسالغۇسىز يىغىش، قايتۇرۇپ يوللاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نېفىتلىك ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى يۇكسەكلىككە يېتىشىگە تۈرتكە بولدى.» 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، شىنجاڭ شىنچاڭيۈ ئۇچۇر پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى بى يەنبىن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: بۇ يۈرۈش سىستېما قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان جۇڭگو نېفىت خىمىيەسى غەربىي شىمال نېفىتلىكىنىڭ شۈنبېي نېفىتلىك ـ گازلىقى 5 ـ نومۇرلۇق بىرلەشمە پونكىتى قۇرۇلۇشىدا قوللىنىلدى.

ئىگىلىنىشىچە، نۆۋەتتە بېيدوۋ يول باشلاش سىستېمىسى شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش قاتارلىق كۆپ ساھەلەردە كەسىپلەشتۈرۈپ قوللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەسىپلەرنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى «تېزلەتكۈچ»كە ئايلانغان.

خەۋەرلىشىش ساھەسىدە، «بېيدوۋ» يەتكۈزىدىغان قىسقا خەۋەر شىنجاڭنىڭ خەۋەرلىشىش ئىشلىرىدا قاراڭغۇ رايون چوڭ بولۇش يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلىدى، مەيلى ئادەمسىز رايوندىكى گېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە بولسۇن، ياكى دالىدا جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىشتە بولسۇن، بىر قىسقا خەۋەر بىلەنلا ئىزدەپ قۇتقۇزغۇچى ئورۇننى بېكىتەلەيدۇ، بىر قېتىملىق خەۋەرلىشىش ئىقتىدارى 1000 خەنزۇچە خەتكە يېتىدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئۈرۈمچى شەھىرى 52 تۈرنى تەستىقلاش ئىش تۈرىنىڭ ھەممىسىنى توردا بېجىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: «پەقەت بىر كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بىز ئۆيدىن چىقمايلا تور تەكلىپنامىسىنىڭ تەستىقىي جاۋابىنى ئالدۇق، تۈردە ئۆز قەرەلىدە ئىش باشلاشتىن ئۈمىد بار بولدى.» 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، شىنجاڭ بىر گەۋدىلەشكەن ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت سۇپىسىنىڭ كۆرۈنمە يۈزىنى ئېچىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەستىقلاش سىستېمىسىنى چەككەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سانائەت سېلىنما گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى قۇرۇلۇش باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ خىزمەتچىسى جۇ جۈنجېي ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى مەمۇرىي تەستىق باشقارمىسىنىڭ ئېلېكترونلۇق تامغىسى بېسىلغان تور تەكلىپنامىسىنىڭ تەستىقىي جاۋابىنى كۆردى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىقلار ۋە تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار جەمئىي 300دىن ئاشتى

### ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 38 ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 38 ئاغرىق دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئۈرۈمچى شەھىرىدە نۇقتىلىق رايونلاردىكى نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا قارىتىلغان نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىلمىي، تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلماقتا

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاۋ چۈنخۇا، لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قەشقەر شەرقىي يولىغا جايلاشقان بىر مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىسىدا، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا نۇكلېئىك كىسلاتاسىدىن ئەۋرىشكە ئېلىش ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، كىلىنىكىلىق مېدىتسىنا تەتقىقات يۇرتىغا بىۋاسىتە قاراشلىق پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئەنۋەر ھېكىم يەنە بىر قېتىم مۇداپىئە كىيىمى كىيدى. شۇ كۈنى، ئەۋرىشكە ئېلىش ئەترىتىنىڭ 15 ئەزاسى بۇ مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىسىدىكى 40 كىشىدىن نۇكلېئىك كىسلاتاسى ئەۋرىشكىسى ئالدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

## ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى نەزەر سېلىندى يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى

يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر ①

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز شى شىن، ليۇ شياڭ، جېن شىشىن، جاڭ ئاۋ، لۈ يىخەن، پىراكتىكانت جياڭ يىياۋ

2014 ـ يىلى، باش شۇجى شى جىنپىڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق كۆرسەتتى: شىنجاڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى قۇرۇشتا تەڭداشسىز ئورۇن ۋە رولغا ئىگە، بۇ تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ رايون خاراكتېرلىك سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى دۆلەتنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى قۇرۇلۇشى، غەربكە ئېچىۋېتىش ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىغا سىڭدۈرۈشى كېرەك.

باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىدا ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، دادىل ئىزدىنىپ، ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى نەزەر سالىدىغان ئىستراتېگىيەلىك نەزەر بىلەن، يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تىرىشىپ تۈرتكە بولۇپ، ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى.

بۇ يىلدىن بۇيان، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ زەربىسى ئالدىدا، شىنجاڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «بىر پورت، ئىككى رايون، بەش چوڭ مەركەز، پورت ئىقتىساد بەلبېغى» قۇرۇلۇشىغا تىرىشىپ تۈرتكە بولدى، يادرولۇق رايون تەرەققىياتى كىرىزىس ئىچىدە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ يېتىلدۈردى.

### نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلاردا چوڭقۇر، پۇختا قەدەم تاشلاندى

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىپ، ماسلاشتۇرۇش، ئالاقىلىشىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى توشۇشنى جىپسىلاشتۇرۇشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش... ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن 7 ـ ئايدا، گەرچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونىدا جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدىن 110ى قاتناپ، 6 ـ ئايدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 3.8% ئاشتى.

يېقىندا، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى مەركەز خامچوتىدىن 200 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

سكانېرلاپ تېخىمۇ كۆپ يېڭى تاراتقۇ مەھسۇلاتلىرىنى كۆرۈڭ

## يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئالغا سىلجىتايلى

□ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

يېقىندا ئېچىلغان مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسى يىغىنىدا ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت تەھلىل قىلىنىپ، تەتقىق قىلىنىپ، كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلما قىلىنىپ، «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شىنجاڭدا، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەزمەن دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش ئالدىنقى شەرتىدە، بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشى باشلانغاندىن بۇيان، شىنجاڭ تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، دۆلەتنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىش ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىغا سىڭىشىپ، ئېچىۋېتىلگەن تەرەققىياتنىڭ «ئىنچىكە سىزما رەسىم»نى سىزىپ چىقتى. ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)